ياشىسۇن ئازادلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
— تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

1983
يىل
ئىيۇن
№12 (158)

باھاسى
2 تىيىن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

بىزنىڭ ۋەتەن

تېچلىق ۋە تەرەققىيات يولىدا

يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى پلېنۇمى ۋە س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ سېسسىيەسى بولۇپ ئۆتتى.

پلېنۇم بىلەن سېسسىيەدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سەياسىتىگە دائىر مۇھىم مەسىلىلەر قارالدى.

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى يولداش يۇ. ۋ. ئاندروپوۋنى س س س ر ئالىي سوۋېتى رىياسىتىنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىدى.

پلېنۇمدا ك پ س س مەركىزىي كومىتېتى باش سېكرېتارى يۇ. ۋ. ئاندروپوۋ نۇتۇق سۆزلىدى.

بىزنىڭ مەخسىتىمىز — پەقەت ئۇرۇشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشلا ئەمەس. بىز خەلىق ئارا مۇناسىۋەتلەرنى تۈپ — ئاساسلىق ساغلاملاشتۇرۇشقا، بۇ مۇناسىۋەتلەردىكى بارلىق ياخشى باشلانمىلارنى مۇستەھكەملەشكە ۋە تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە ئىنتىلىۋاتىمىز، — دېدى يۇ. ۋ. ئاندروپوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پلېنۇمىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا. — بىز دۆلەتلەر بىلەن خەلىقلەرنىڭ سۇۋېرېن ھوقۇقلىرىنىڭ ھۆرمەت قىلىنىشىنى، ئىمپېرىيالىزم يات — ياتلا بىر چەتكە ئېلىپ تاشلاشقا، دەپسەندە قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خەلىق ئارا ھوقۇقنىڭ پرىنسىپلىرىغا جىددىي رىئايە قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرىدىغان بولىمىز.

خەلىق ئارا ئەھۋالغا توختالغاندا، ك پ س س مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئەق سوتسىيالىزم خەلىق ئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ساغلام باشلانمىلارنىڭ ئىزچىل ھىمايىچىسى، ۋەزىيەتنى يېنىكلىتىش ۋە تېچلىق مەنپەئەتلىرىنىڭ، ھەر بىر خەلىقنىڭ، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلماقتا.

ئىككى دۇنياۋىي جەمىيەت سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپ كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەسكىنلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي تالاشنى ئۇرۇش توقۇنۇشى يولى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھالاكەتلىك بولغان بولار ئىدى. يەر يۈزىدىكى تېچلىقنى ساقلاش مەسىلىسى — بۇ ھازىرمۇ ۋە يېقىن كېلەچەكتىكىمۇ بىزنىڭ پارتىيەمىزنىڭ تاشقى سەياسىتىنىڭ ئاساسىي پروبلېمىسىدۇر.

كوممۇنىستلار ھەر قاچان ئادەمنى ئادەمنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى كۈرىشىپ كەلدى. ھازىر بولسا ئۇلار ئىنسانىيەت سىۋىلىزاتسىيەسىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈنمۇ، ئادەمنىڭ ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقى ئۈچۈنمۇ كۈرەشمەكتە.

سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن جىپسىلىقىنى مۇستەھكەملەش، ك پ س س بىلەن سوۋېت دۆلىتىنىڭ خەلىق ئارا پائالىيىتىنىڭ ئەڭ بىرىنچى دەرىجىلىك يۆنىلىشىدۇر.

كوممۇنىستلار كېلەچەك سوتسىيالىزمغا تەئەللۇق ئىكەنلىگىگە ئىشىنىدۇ، — دېدى ك پ س س مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى. — تارىخنىڭ كېتىپ بېرىش جەريانى ئەينە شۇنداق. لېكىن بۇ تامامەن «رېۋولىيۇتسىيەنى ئېكسپورت قىلىش»، باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. «رېۋولىيۇتسىيەنى ئېكسپورت قىلىش» تامامەن مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزم پەقەت ھەر بىر مەملىكەتنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتى ئوبيېكتىۋ ئېھتىياجلىرى ئاساسىدىلا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، سوتسىيالىزم ئاخىرقى ھېساپتا ئەق كاپىتالىزم بىلەن تېچلىقتىكى مۇسابىقىلىشىش شارائىتىدىلا ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز تامامەن بىزگە ئىمپېرىيالىزم تېڭىۋاتقان ھەربىي ساھادىكى مۇسابىقىنىڭ تەرەپدارلىرى ئەمەس.

تېچلىقتا قاتار ياشاشقا سوتسىيالىزم بىلەن ئىمپېرىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ستراتېگىيەلىك، باراۋەرلىك ئوبيېكتىۋ ياردەم قىلماقتا. بۇ باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش — كېيىنكى ئون يىللىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم يەكۈنلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بىزنىڭ خەلقىمىزدىن ۋە سوتسىيالىستىك ھەمدوستلۇقنىڭ باشقا مەملىكەتلىرى خەلقلىرىدىن ناھايىتى زور كۈچ ۋە مەبلەغ تەلەپ قىلدى، بىز ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول قويمايمىز.

يازغۇچىنىڭ مۇقەددەس بورچى

بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم قازاقستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتىدا ئازىيە ۋە ئافرىكا ئەللىرى يازغۇچىلىرىنىڭ بەشىنچى كونفېرېنسىيەسى بولۇپ ئۆتكەنلىگى ھەممىگە مەلۇم. يېقىندا ئالمۇتىدا ئىككى قىتئە يازغۇچىلىرىنىڭ ژۇقۇرىدا ئاتالغان كونفېرېنسىيەسىنىڭ ئون يىللىغىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك مەجلىس بولۇپ ئۆتتى.

مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى ك پ س س مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى د. ئا. قونايېۋ، س. ئىماشېۋ، ب. ئەشموۋ ۋە باشقا رەسمىي شەخسلەرنى ئىللىق قارشى ئالدى.

مەجلىستە قازاقستان س س س ر ئالىي سوۋېتى رىياسىتىنىڭ رەئىسى ساتتار ئىماشېۋ تەبرىك سۆز سۆزلەپ:

— ھازىرقى پەيتتە تېچلىق ئۈچۈن، يېڭى ئۇرۇش خەۋپىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە ئاق نىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشتىن مۇقەددەس ۋەزىپىسى بولمىسا كېرەك، — دېدى.

— يازغۇچىلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى — تېچلىق يولىدا كۈرەشكۈچىلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدا بولۇشتۇر. دۇنيادىكى گۈزەل شەھەرلەرنى كۈل — ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەتنى يادرو ئۇرۇشى ئوتىغا تاشلاشنى ئويلايدىغان ئاخماقلار بار ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ، — دېدى ئازىيا ۋە ئافرىكا ئەللىرى يازغۇچىلىرى ئاسسوتسىئاتسىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى ئالېكس لا گۇما.

قازاقستان س س ر يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى جۇبان مولداغالىيېۋ:

— مەن سوۋېت يازغۇچىسى، ئۇلۇق ئېلىمنىڭ قېرىنداش بىر جۇمھۇرىيىتى — قازاقستاننىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىز خەلقلىرىنىڭ تېچلىق ۋە دوستلۇق يولىدىكى كۈرەشنى ئىزچىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزەمنى بەختلىك سانايمەن. بۇ ئالىيجاناپ ئىش ئۈچۈن مەغرۇرلىنىمەن، — دېدى.

تەنتەنىلىك مەجلىستە بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش سېكرېتارى پېرېس دە كۇېليارنىڭ نامىغا خەت قوبۇللاندى.

تېچلىق فوندىغا

ئالمۇتىدا ۋ. ئى. لېنىن نامىدىكى سارايدا پۈتكۈل ئىتتىپاق لېنىن كومسومولى مۇكاپىتىنىڭ لائۇرېياتى، بەلگۈلۈك شائىر م. شاخانوۋنىڭ پوئېزىيە كېچى چوڭ مۇۋاپىقىيەت بىلەن ئۆتتى. كەچنى داڭلىق سوۋېت شائىرى يېۋگېنىي يېۋتۇشېنكا ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قازاق دوستىنىڭ شېئىرلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىكى ئىجادىي تەجرىبىسى ھەققىدە سۆزلىدى. م. شاخانوۋ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ئوقۇدى.

بۇ تېرىقىدىكى ئىجادىي كەچلەر قازاقستان دۆلەت دارىلفۇنۇنىدا، ئالمۇتا پاختا رەختلىرى كومبىناتى مەدەنىيەت سارىيىدا، شۇنداقلا يېزىلاردىمۇ بولۇپ ئۆتتى. بارلىق كەچلەردىن چۈشكەن پۇل سوۋېت تېچلىق فوندىغا تاپشۇرۇلدى.

(قازتاگ).

قازاقستان ئېلىمىزدىكى ئەڭ كۆپ ئاشلىق ۋە مىللىونلىغان چارۋا ماللىرىنى ئۆستۈرىدىغان جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ يىلى قازاقستان يېزا ئىگىلىگى ئەمگەكچىلىرى جەمىيەت مېلى ئۈچۈن 19.1 مىللىون تونا پىچەن، 24،2 مىللىون تونا سىلوس ۋە باشقا مال ئوزۇغىنى تەييارلاشقا كىرىشتى. بۇ ئىش ئاساسەن تېخنىكا كۈچى بىلەن بەجىرىلىدۇ.

سۈرەتتە: ماشىنا بىلەن چېپىلغان چۆپلەرنى ماشىنىدا باغلاش پەيتى.

«مېلودىيەنىڭ» يېڭى تەخسىلىرى

پۈتكۈل ئىتتىپاقلىق «مېلودىيە» فىرمىسى قازاقستان ناخشىچىلىرى بىلەن سازەندىلىرىنىڭ ئىجراسىدىكى ناخشا — سازلارنى پاتىفون تەخسىلىرىگە يېزىپ چىقاردى. بۇ يېڭى تەخسىلەر يېقىندا دۇكانلاردا سېتىلىشقا باشلايدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە قازاق خەلىق ناخشىلىرى بار. بۇلارنى ناخشىچىلار ك. راخىموۋ، ج. تاشتېمىروۋا، ۋ. ئاكموۋالار دومبىرىدا ئۆزلىرى تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلايدۇ.

«سەھرا ئەركىسى» تەخسىلىرىگە قازاقستان كومپوزىتورلىرىنىڭ زامانىۋىي ئېستراداغا ناخشىلىرىمۇ يېزىلغان. خەلىق مۇزىكىلىرىنىڭ ئىشقىۋازلىرى قازانغاپنىڭ كۈيلىرى يېزىلغان تەخسىلەرنى ئالالايدۇ.

بىزنىڭ ھايات تەرزىمىز

بۇ كۈنى ئۇيغۇر رايونىنىڭ دولاتا يېزىسىدا تۇرىدىغان باۋدۇن موردىنوۋلار ئائىلىسىدا چوڭ خوشاللىق ۋاقىە يۈز بەردى. باۋدۇن ئاكا بىلەن جانارخان ھەدىنىڭ تۇرمۇش قۇرغىنىغا 50 ژىل، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى ئاۋدۇن بىلەن ئايالى لېنانىڭ باش قوشقىنىغا 25 ژىل تولدى. باۋدۇن ئاكىنىڭ كەنجە ئوغلى مۇگداش بولسا شۇ كۈنى پەرىدەم بىلەن ئائىلە قۇردى.

«ئەمگەك» كولخوزىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىغا ئۈچ قوش توي مەرىكىسىگە ژىغىلغان ژۇت ئادەملىرى، ژىراق- يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار بەختلىك ئائىلە ئەزالىرىغا ھاياجان- تەۋرىنىش ئىلكىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

تويغا-توي ئۇلاشتى

—جانارخان ئىككىمىز 1932- ژىلى تۇرمۇش قۇردۇق،— دەيدۇ ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قاتناشچىسى، ئەمگەك مەردانىسى باۋدۇن موردىنوۋ.— شۇ چاغلاردا ھەر ئىككىمىز كولخوز قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا، ئۇنىڭ ھۇلىنى مۇستەھكەملەشكە ئاكتىۋ ئارىلاشتۇق. 1941- ژىلى مەيدانغا ئاتلاندىم. جانارخان ئۈچ پەرزەندىمىز ئاۋدۇن، ئانارخان، شاۋدۇنلار بىلەن مېنى ئۇزىتىپ قالدى. ستالىنگراد شەھىرى ئۈچۈن ژۈرگۈزۈلگەن قانلىق جەڭلەرنىڭ بىرىدە ئىنتايىن ئېغىر يارىدار بولۇپ، 8 ئايغا يېقىن داۋالىنىپ، 1943- ژىلى سېنتەبىردە ژۇتۇمغا قايتتىم.

ئۇ، جەڭلەردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۈچۈن ئۈچىنچى دەرىجىلىك شۆھرەت ئوردېنى ۋە بىر نەچچە مېداللار بىلەن تەغدىرلەنگەن.

باۋدۇن ئاكا 1943- ژىلدىن 1963- ژىلغىچە برىگادىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1974- ژىلى پېنسىيەگە چىققىچە كولخوزدا ھەر خىل ئىشلارنى ئىشلەپ ژۈردى. سەل ئىلگىرى جانارەم ھەدىمۇ پېنسىيەگە چىققان ئېدى.

ب. موردىنوۋنىڭ ئەمگىگى ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن مۇناسىپ باھالاندى. ئۇ ئىككى قېتىم 1939- ۋە 1953- ژىللىرى موسكۋادىكى س س س ر خەلق ئېگىلىگى مۇۋاپپەقىيەتلىرى كورگەزمىسىنى زىيارەت قىلىپ قايتتى. قازاقستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ پەخرىي گراموتىسى ۋە باشقىمۇ كۆپلىگەن ماددىي ۋە مەنىۋىي سوغىلار بىلەن تەغدىرلەندى. بىر نەچچە قېتىم رايونلۇق ۋە يېزىلىق سوۋېتىنىڭ دېپۇتاتى بولۇپ سايلاندى.

قەھرىمان ئانا— جانارخان ھەدە بىلەن باۋدۇن ئاكا 11 بالىنى تەربىيىلەپ ئوستۇرۇپ قاتارغا قوشتى. ئوغۇللىرى— ئاۋدۇن، سۇلايمان، مۇگداشلار ئالمۇتىدىكى يېزا ئېگىلىگى ئىنستىتۇتىنى تاماملىغان. ئاۋدۇن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر رايونلۇق يېزا ئېگىلىك تېخنىكىسى بىرلەشمىسى دىرېكتورىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ ئىشلەيدۇ. سۇلايمان بىر ئاز ۋاقىت ئوزى ئوقۇغان ئىنستىتۇتتا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ھازىر لېنىنگراد يېزا ئېگىلىگى ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتۇرىسىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرىدۇ. مۇگداش بىر ژىلدىن ئېشىپ قالدى، چوڭ ئاقسۇدا ئورمانچى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرماقتا. پولات دارىلمۇئەللىمىنى تاماملاپ، چوڭ ئاقسۇدىكى سەككىز ژىللىق مەكتەپتە دىرېكتور. سۇلتان— ئالىي بىلىملىك خىرۇرگ- ستوماتولوگ، ئۇ ھازىر ئالمۇتىدا ئىنستىتۇتتا مۇئەللىم. يولداش پولىتېخنىكا

سۈرەتتە: «ئالتۇن» ۋە «كۈمۈچ» توي ساھىپلىرى موردىنوۋلار.

ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، گىدروگېولوگ مۇتەخەسسىلىگىنى ئىگىلەپ، چونجا رايونلۇق سۇ ئىنشائەتلىرىدىن پايدىلىنىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى. قىزلىرىدىن جەننەت— تىببىي ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ، چونجىدىكى رايونلۇق ئاپتېكىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتسا، تېخنىكومنى تۈگەتكەن سالامەتخان تاشكەنتتىكى تراكتور زاۋۇدىدا بۇخگالتېر. شۇنداقلا ئانارخان، جەنناخان، سادەتلەر تېخنىكوملارنى تۈگىتىپ، ئىگىلىگەن كەسپى بويىچە ھەر خىل ئىش ئورۇنلىرىدا ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ.

—30 نەۋرە، 4 چەۋرىمىز بار. كۈيوغۇل، كېلىنلىرىمىزنى قوشقاندا بىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرى 58 جان،— دەيدۇ جانارخان ھەدە.

دولاتا يېزىسى تاغ باغرىغا جايلاشقان. مەن دولاتىدا تاغ مەنزىرىسىنى كوزدىن كەچۈردۈم. ساينىڭ بويىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. تاغ بىلەن ساي ئوز ئارا جىپسىلىشىپ يېزىغا ئەجايىپ گوزەللىك، ئەپسىلىك ھەدىيە قىلىپ تۇرغاندەك سېزىلەتتى. ئالمۇتىغا قايتقاندىمۇ يولدا شۇ ھەققىدە ئويلىدىم. ياق، يېزىنىڭ ھەقىقىي گوزەللىگى ئۇنىڭ ئەمگەكچان ئادەملىرىدە. باۋدۇن ئاكا بىلەن جانارخان ھەممىدەك نۇرانىي كىشىلەردە.



سۈرەتتە: مۇگداش بىلەن پەرىدەم نىكا ئۈزۈگىنى تاقىماقتا.

ئا. دۆلەتوۋ.

ئىزگۈ تىلەكلەر

مەن جۇڭغار ئالا تېغى باغرىدىكى قاراق ئاۋۇلىدا، چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىز ياش ئىدۇق. ئاۋۇلىمىزدىكى ژىگىتلەر قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش

مەيدانىغا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئىشتىكى ئورنىنى ئوسمۇرلەر، قىزلار، ئاياللار ئىگەللىدى. ئاشلىق تېرىش، مال بېقىش، مەيداندىكى ئارمىيەنى كىيىندۈرۈش، ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئېدى.

بۇ ئېغىر كۈنلەردە ئەلۋەتتە مەنمۇ قاراپ ئولتۇرالمىدىم. ئەمگەككە ئارىلاشتىم. باشتا موزاي باقتىم، سېغىنچى بولدۇم، كېيىن برىگادىر بولۇپ ئىشلىدىم.

ھازىر يېزىلارنى، يايلاقلارنى ئارىلاپ بېشقەدەم ئەمگەكچىلەر بىلەن سوھبەتلەشكەندە ئۇرۇش مەزگىلىدە باشتىن كەچۈرگەن ئېغىرچىلىقلارنى ئەسكە ئالىمىز. ئۇ كۈنلەرنى ئەسلىگەندە غەزىۋىڭ تاشىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ ئېلىمىزدا، شۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسۇ تەۋەسىدە ئۇرۇشنىڭ زەردىۋىغا گىرىپتار بولمىغان بىرەرمۇ ئائىلە يوق. ئۇرۇشنىڭ خەلق ئېگىلىگىگە يەتكۈزگەن زىيانلىرى ئاللىقاچان تولتۇرۇلدى.

مەن بۇنى ئۆزەم باشقۇرغان ئېگىلىكنىڭ بايلىغىدىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ باياشايات تۇرمۇشىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك كورۇپ ژۈرىمەن. ئامما لېكىن قەلب يارىسىنىڭ ساقىيىشى ئوڭاي بولمىسا كېرەك.

ئەندى ئىككىنچى بىر سەۋەبى بولسا، سوۋېت ھوكۈمىتىنىڭ: كوپلەپ قورال ئىشلەپ چىقىرىشنى توختۇتۇش، تالاش مەسىلەرنى سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش، تېچلىقتا بىللە ياشاش تەشەببۇسىغا قارشى ھالدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى باشچىلىغىدىكى ئۇرۇش خۇمارلار ئىنسانىيەتنى ئومۇمىي يۈزلۈك قىرىدىغان قۇراللارنى كوپلەپ چىقىرىش ئارقىلىق تېچلىققا خەۋىپ تۇغدۇرماقتا. ئەلۋەتتە، بۇ ھەر كىمنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ.

مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ۋە جۇمھۇرىيەت پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى يەنى قازاقستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە جامائەتچىلىك ئارىسىدا تالدىقورغاندا، ئالمۇتىدا بولۇپ تۇرىمەن. قەيەرگە بارماڭ، كىم بىلەن سوھبەتلەشمەڭ، ھەممىنىڭ دەيدىغىنى: تېچلىق بولسا دېگەن بىرلا تىلەك. مەن مانا، بۇ گەپنى سوۋخوزىمىزنىڭ ئىلغار ئىشچىلىرى ز. سېيىتوۋانىڭ، ب. تاتېنوۋانىڭ، ئى. تۇرغىنبايېۋنىڭ، ب. ئوسپوۋانىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

بىزنىڭ رەھبىرىمىز يۇرىي ئاندروپوۋنىڭ ئامېرىكانىڭ مېن شاتىدا ياشايدىغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سامانتا سمىتگە يازغان خېتى پەقەت ماڭىلا ئەمەس، ژۇتداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ كوڭلىگە ياقتى. «بىز تېچلىقنى تىلەيمىز، بىزنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئىشلىرىمىز بار. ئاشلىق ئوستۇرىشىمىز، قۇرۇلۇش ۋە كەسپىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز، يېزىشىمىز ۋە كائىناتقا ئۇچۇشىمىز كېرەك. بىز ئوزىمىزگە ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقلەرگە تېچلىق تىلەيمىز. ئوز بالىلىرىمىز ئۈچۈن ۋە ساماتنا ئۈچۈنمۇ تېچلىق تىلەيمىز». بۇ تىلەككە مەنمۇ قوشۇلىمەن.

زىلىخا تامشىبايېۋا،
سوتسىالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى،
«ئېكپېكشى» سوۋخوزىنىڭ دىرېكتورى.

مەدەنىيەت خەۋەرلىرى

ئوزبەك ئارتىستلىرى ماھارىتى

ھەمزە ناملىق ئوزبەكستان دولەت ئاكادېمىيەلىك دراما تېاترى ئارتىستلىرى قازاقستان پايتەختىدە بىر نەچچە كۈن بولۇپ، ئوز سەنئىتىنى نامايىش قىلدى. ئۇلار قويغان ك. ياشىننىڭ «ئىنقىلاپ تېگى»، س. ئەخمەتنىڭ «كېلىنلەر قوزغىلىڭى»، ئۇ. ئوماربېكوۋنىڭ «پەرىز» قاتارلىق سپېكتاكللىرىنى ئالمۇتىلىقلار زور قىزىقىش بىلەن كوردى.

قازاق دراماتۇرگىيەسىنىڭ كلاسسىگى مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ «ئاباي» پيېسىسى بويىچە قويۇلغان سپېكتاكلنى تاماشىبىنلار ئىللىق قارشى ئالدى. بۇنى ئوزبەك تېاتر سەھنىسىدە قازاقستان دولەت ئاكادېمىيەلىك دراما تېاترىنىڭ دىرېكتورى، س س س ر خەلق ئارتىستى ئە. مەمبېتوۋ قويغان ئېدى.

بىزنىڭ مۇخبىرىمىز بىلەن بولغان سوھبەتتە، قازاقستان خەلق رەسسامى ئايشا غالىمبايېۋا مۇنداق دېدى:

—ئوزبەك قېرىنداشلىرىمىز سەھنىگە قويغان «ئاباي» سپېكتاكلى ۋە باشقىمۇ سەھنە ئەسەرلىرى مېنىڭدە كۈچلۈك تەسرات قالدۇردى. ئوزبەك ئارتىستلىرى قازاق خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇرى ئاباينىڭ ئوبرىزىنى ئەجايىپ ماھىرلىق بىلەن ياراتقان.

ئوزبەك ئارتىستلىرى سەھنىنى بېزەشتە، كىيىملەرنى تاللاشتا چوڭ تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى كورسەتتى.

«قىمىز» چېخ تىلىدا

قازاق يازغۇچىسى دۇكېنباي دوسجانوۋ چېخوسلوۋاكىيەنىڭ پايتەختى پراگا شەھىرىدىن ئوزىنىڭ «قىمىز» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنىڭ چېخ تىلىدا نەشر قىلىنغانلىغى ھەققىدىكى خوش خەۋەرنى ئالدى. د. دوسجانوۋنىڭ ئەسەرلىرى چەت تىللاردا موشۇنىڭ بىلەن سەككىز مەرتىۋە يورۇق كوردى. «قىمىز» كىتاۋىنىڭ مۇقاۋىسى قازاق مىللىي نەقىشلىرى بىلەن بېزەلدۈرۈلگەن. ئۇنى چېخ تىلىغا لىبېردۇ ئورجاك تەرجىمە قىلغان.

مېۋىلىك بىر شاخ

قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسى سېكرېتارىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى مەجلىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشىنىڭ خىزمىتى كۆزدىن كەچۈرۈلدى. مەجلىسنى قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ج. مولداغالىيېۋ كىرىش سۆز بىلەن ئاچتى. كېڭەشنىڭ رەئىسى، يازغۇچى ج. بوساقوۋ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلاد بىلەن سۆزگە چىقتى.

ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى كوپ مىللەتلىك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مېۋىلىك بىر شېخى. قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى يېنىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشى ئەدەبىي ھاياتنى تونۇتۇشتا ۋە ئۇنىڭ يونىلىشىنى، مەخسەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا بىر قاتار ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرماقتا. ئالمۇتا شەھىرىدە سسسر قۇرۇلغانلىغىنىڭ 60 يىللىغىغا بېغىشلانغان ئەدەبىي كەچ، تالدىقورغان ئوبلۇسىنىڭ پانفىلوۋ شەھىرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۈنلىرى ئۇتۇقلۇق ئۆتتى. ئالمۇتا ئوبلۇسىنىڭ خەشكىلەڭ، تالغىر، چېلەك رايونلىرىدا، پايتەختتىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا كىتاپخانىلار بىلەن ئۇچرىشىشلار بولۇپ ئۆتتى.

كېڭەشنىڭ ئاساسلىق ئىشىنىڭ بىرى- نەشرگە تاپشۇرۇلىدىغان كىتاپلارنىڭ ئەدىيەۋىي- بەدىئىي سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش بولسا كېرەك. كېيىنكى 5 يىل ئىچىدە «جازۇۋشى» نەشرىياتىدىن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ 125 كىتاۋى يورۇققا چىقتى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى سسسر خەلقلىرى تىللىرىدا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىدى. موسكۋادا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ «سەھەر سەلكىنى»، «چىنار شېخى»، «ئۇيغۇر دېپىنىڭ ساداسى» توپلاملىرى بېسىلىپ چىقتى. قازاق تىلىدىمۇ بىر قاتار ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى.

جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ رېپېرتۇئارىمۇ يىلدىن- يىلغا بېيىماقتا. ز. سەمەدىنىڭ «مايىمخان» رومانى بويىچە ئىشلەنگەن «ئەژدىھا يىلى» فىلمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن سىنائەتنىڭ زور ئۇتۇقىدۇر.

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز پۇبلىسىستىكا بىلەن ئوچېرك ژانىرلىرى بويىچىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. ئۆتكەن يىلى نەشر قىلىنغان «پەرۋاز» ناملىق توپلام ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ۋاقەدۇر. بۇ توپلام كېلەچەكتە ئۇيغۇر تىلىدا يورۇق كۆرىدىغان ئالماناخنىڭ دەسلەپكى ھۇلى ھېساپلىنىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى دەۋىر تەلۇپىگە مۇناسىپ ئىلگىرلەپ، ئېلىمىزنىڭ بارلىق مىللەت ئەدەبىياتلىرى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلماقتا. بۇ جەريانلارنى قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ، قېرىنداش قازاق، رۇس قەلەمداشلارنىڭ ئىجادىي، دوستلۇق ياردىمىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

—ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قېدىمىي دەستۇرى بولغان چوڭ ئەدەبىيات.— دېدى قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ سېكرېتارى، «جۇلدۇز» ژۇرنالىنىڭ باش مۇھەررىرى ب. تايجىنوۋ.— ئۇيغۇر قەلەمداشلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىنى ھەممە ۋاقىت كۆزىتىپ بارىمەن. ز. سەمەدىي، ئە. ھاشىروۋ، ت. توختەمۇۋنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتە يەنىمۇ ئورلەۋاتقانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

يازغۇچى ق. توختەمۇۋ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك بۈگۈنكى ياخشى ئەسەرلەرنى ئوز ۋاقتىدا ئەشر قىلىش مەسىلىلىرىگە توختالدى.

—ئىجادىي ئادەملەرنىڭ مەنىۋىي، مەدەنىي سەۋىيەسى دېگەن مەسىلە ئورۇنلۇق ئېيتىلدى.— دېدى كومپوزىتور قۇددۇس غوجامياروۋ.— ئىجاتكار زامانغا، دەۋىر تەلۇپىگە ماسلىشىشى شەرت. ئىجادىيەتتە دۇنياغا قاراش بىلەن شەخسىي ھىسسىياتنىڭ ئوز ئارا بىرلىگى بولۇشى ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش، تىنىمسىز ئەمگەك كېرەك.

يازغۇچى ق. جۇمادىلوۋ، ئەدەبىياتشۇناس پ. سابىتوۋا، «جازۇۋشى» نەشرىياتىنىڭ دىرېكتورى ئە. جۇمابايېۋ، قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ سېكرېتارى، «پروستور» ژۇرنالىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋ. ئى. لارىن، قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ سېكرېتارى ق. تۇرسۇنقۇلوۋ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋەزىپىلىرى، تەرجىمە ۋە باشقا ئىجادىي كېڭەشلەر بىلەن ئالاقە، بەدىيلىك ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە ئوز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەجلىس قارالغان مەسىلىلەر بويىچە قارار قوبۇل قىلدى.

دەسلەپكى لائۇرېياتلار

قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى شائىر، يازغۇچىلارنى ئىدىيەۋىي- بەدىئىي جەھەتتىن ژۇقۇرى ئەسەرلەر يېزىشقا دەۋەت قىلىش مەخسىتىدە ئەڭ ياخشى ئەسەرنىڭ مۇئەللىپلىرىگە ھەر يىلى بېرىلىدىغان ئالتە مۇكاپات بەلگۈلىگەن ئىدى.

يېقىندا جۇمھۇرىيەت يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ سېكرېتارلىرى باش قوشۇپ، 1982- يىلنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىپ، بەلگۈلەنگەن ئالتە مۇكاپاتنى تۆۋەندىكى يازغۇچى، شائىرلارغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئاتاپ ئېيتقاندا، بۇ مۇكاپات **قابدەش جۇمادىلوۋقا**- «ئاخىرقى كوش» رومانى ئۈچۈن، **مورىس سىماشكوغا**- «قوڭغىراق» ناملىق رومانى ئۈچۈن، **سېيىتجان ئوماروۋقا**- «ياش ئەۋلات» ناملىق پوۋېستلار بىلەن ھېكايىلەر توپلىمى ئۈچۈن، **دولات ئىسابېكوۋقا**- «ۋارىسلار» پيېسىسى ئۈچۈن، **تېمىرخان مېدېتبېكوۋقا**- «كەپتەر قاناتلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۈچۈن، **دولقۇن ياسىنوۋقا** (ئۇچقۇن)- «يەر ئاۋازى» ناملىق پوئېمىلار (داستانلار) توپلىمى ئۈچۈن بېرىلدى.

يازغۇچى **قابدەش جۇمادىلوۋ**نىڭ نىككى توملۇق «ئاخىرقى كوش» رومانىدا تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدە ياشايدىغان قازاقلارنىڭ 1930- 1960- يىللاردىكى ھاياتى، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىرىغا قارشى، مىللىي ئازاتلىق يولىدىكى كۆرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر شائىرى **دولقۇن**نىڭ «يەر ئاۋازى» كىتاۋىغا ئۇنىڭ كېيىنكى يىللىرى يازغان «يەر ئاۋازى»، «كارىز قىسسى»، «ئاخىرقى دەقىقە» ناملىق ئۈچ داستانى كىرگەن. بۇلار تۇغۇلغان يۇت، ۋەتەن ھەققىدىكى تەسىرلىك، لىرىك ئەسەرلەردۇر.

كانچىلار شەھىرىدە ئۆتكەن بىر كۈن

بۇ كىچىككىنە، بۈككىدە دەل- دەرەقلىق شەھەر بىزنى ئوزىگە بىردىنلا مەھلىيا قىلدى. كانچىلار تىككەن ھەر خىل كوچەتلەر توپ- توپ كوچىلار ئەتراپىدا بوي تارتىپ لەرزان تەۋرەنمەكتە. بۇ يېشىلزارلىق ئارىسىدىكى ئاپپاق، قاتار- قاتار ئويلەر شەھەرگە تېخىمۇ گوزەللىك بېغىشلاپ، كوزگە ئەجايىپ ئىللىق كورۇنەتتى.

لېنىن ناملىق مەركىزىي كوچىغا جايلاشقان بۇ ئازادە، يوغان ئىشىكلىرى كەڭ ئوچۇق بىنا كېنتاۋ شەھىرىدىكى ئاچىساي پولىمېتال كومبىناتى ئىشچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىدۇر. ئىشتىن بوش ۋاقىتلاردا، ئاخشاملىرى ئىشچىلار بۇ يەرگە كېلىپ ھەر خىل ئومەكلەرگە قاتنىشىدۇ. ياكى كونسېرت كورۇپ، مەدەنىي ۋە كوڭۇللۇك دەم ئالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنداقلا ئىشچىلارنىڭ باللىرىمۇ ھەر خىل ئومەكلەرگە قاتنىشىپ، سەنئەت ۋە گوزەللىك دۇنياسىغا مەپتۇن بولىدۇ.

—بىزنىڭ بۇ سارايدا تىلىغا ئالغىدەك خېلە ئىشلار قىلىنىۋاتىدۇ،— دېدى ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ كلۇب مۇدىرى.— بۇ يەردە بىز 60 تىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىل قىلىنغان مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئوركېستىرى قۇرمانغازىنىڭ «سارى ئارقا» كۈيىنى رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقانلىغىنى كوردۇق. ئاندىن كلاسسىك مۇزىكا ئەسەرلىرىمۇ چېلىندى. بىزنى ئاددىي ئىشچىلارنىڭ تالانتى ۋە سەنئەتتىكى ماھارىتى تاڭ قالدۇردى. ئۇلارغا يېقىندا «خەلق تىياتىرى» دېگەن پەخرىي ئاتاق بېرىلدى.

مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كىتاپخانىسىغا كىردۇق. بىزنى ئۇنىڭ دىرېكتورى ۋېرا ئىلىلىق قارشى ئالدى.

—بىزدە 6557 ئوقۇغۇچى بار. بىز ئۇلارنى ھەر يىلى ئېلىمىزدا، جۇمھۇرىيىتىمىزدە چىقىدىغان يېڭى نەشرلەر بىلەن تولۇق تەمىنلەپ تۇرىمىز. بىزنىڭ فوندىمىز 80 مىڭدىن ئارتۇق كىتاپتىن تەشكىل تاپقان.

كلۇبىمىز تەركىۋىدە «شائىلىق» دېگەن ئىجادىي كلۇب ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەخسىتى، مۇزىكا ئەدەبىياتىنى تەرغىپ قىلىشتىن، خەلق ناخشىلىرىنى، رومانسلارنى كوپچىلىك ئارىسىدا كەڭ تارقىتىشتىن ئىبارەت. 20 ئادەمدىن تەركىپ تاپقان كلۇب ئەزالىرى مىللىي ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆگىنىشكە بېغىشلانغان كەچلەرنى پات- پات ئوتكۇزۇپ تۇرىدۇ، يېڭى ناخشىلارنى ئىجرا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت سارىيىدا تەشكىل قىلىنغان «ياش رادىو ھەۋەسكارلىرى»، «ياش ۋەتەنپەرۋەرلەر» ئومەكلىرى، يېڭى ئائىلە قۇرغان ياشلار كرۇژوگى، فىلاتېلىستلارنىڭ «گلوبۇس» ناملىق خەلقئارا دوستلۇغى كلۇبى، باللارنىڭ ئولكە تونۇش كلۇبى ۋە «پاراپىل» ناملىق باللار سەنئەت ئومەكلىرى ئىشچىلارنىڭ مەدەنىي، روھىي دۇنياسىنى بېيىتىشقا خىزمەت قىلماقتا.

بۇ يەردە بولۇپمۇ ھەۋەسكار باللارغا ئالاھىدە ياخشى شارائىتلار تۇغدۇرۇلغان. دەرىستىن كېيىن ئۇلار سارايغا كېلىپ «قالىلىغاچ»، «ئايگولېك» ناخشا- ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا ياكى «ئۇچقۇن» ناملىق پوئېر تىياتىرىدا، «سلايد» ناملىق ئېسترادىلىق ئومەككە قاتنىشىپ، مەشغۇلات ئوتكۈزىدۇ.

قىسقىسى، مەدەنىيەت سارىيىدا 36 تۇرلۇك ھەر خىل ستۇدىيەلەر بىلەن تىياتىرلار، ئانسامبىللار بىلەن ئومەكلەر، كلۇبلار بىلەن كوللېكتىۋلار، ئوركېستىر بىلەن مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ئۇيۇۋېرسىتېتلىرى ئىشلىمەكتە.

گۇلمەرىيە كېمپىروۋا.



چىمكەنت ئوبلۇسىدىكى كېنتاۋ شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيى.

ئوڭدا: مەدەنىيەت سارىيى يېنىدا قۇرۇلغان خەلق چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئومگىنىنىڭ ئەزالىرى ئاھالە ئارىسىدا پات- پات ئويۇن كورسىتىپ تۇرىدۇ.

ئوقۇماقنىڭ ئەرتە- كەچلىگى يوق

Уйғурчә басма	Уйғурчә язма	Латинчә	Әрәбчә	Уйғурчә басма	Уйғурчә язма	Латинчә	Әрәбчә
Аа	Аа	Aa	ئا	Өө	Өө	Өө	ئۆ
Әә	Әә	Әә	ئە	Пп	Пп	Pp	پ
Бб	Бб	Bb	ب	Рр	Рр	Rr	ر
Вв	Вв	Vv	ۋ	Сс	Сс	Ss	س
Гг	Гг	Gg	گ	Тт	Тт	Tt	ت
Ғғ	Ғғ	Ğğ	غ	Уу	Уу	Uu	ئۇ
Дд	Дд	Dd	د	Үү	Үү	Üü	ئۈ
Ее	Ее	Ee	ې	Фф	Фф	Ff	ف
Ёё	Ёё			Хх	Хх	Xx	خ
Жж	Жж	Zz	ژ	Һһ	Һһ	Hh	ھ
Җҗ	Җҗ	Çç	ج	Цц	Цц		
Зз	Зз	Zz	ز	Чч	Чч	Cc	چ
Ии	Ии	Ii	ى	Шш	Шш	Şş	ش
Йй	Йй	Ji	ي	Щщ	Щщ		
Кк	Кк	Kk	ك	Ьь	ь		
Ққ	Ққ	Qq	ق	Ъъ	ъ		
Лл	Лл	Ll	ل	Ыы	ы		
Мм	Мм	Mm	م	Ээ	Ээ		
Нн	Нн	Nn	ن	Юю	Юю		
Ңң	Ңң	Ꞑꞑ	ڭ	Яя	Яя		
Оо	Оо	Oo	ئو				

БАЛИЛАРҒА СОҒА

Тайчиғим

Тайчиғимәй, тайчиғим,
Көзи пал-пал тайчиғим.
Түки тал-тал тайчиғим,
Қулақлири қәләмдәк,
Қуйриғи бар әләмдәк,
Һә, кукули үкидәк,
Йайли тик аш көкидәк.
Көзи йоған мончақтәк,
Бурунлири қочақтәк.
Қашқиси бар тумачә,
Мәйдә-көкси ала-ча.
Аяқлири тик-тик,
Сәкрәйду дик-дик.
Сағириси дүп-дүгүләк,
Туяқлири һөпуләк,
Қийиғитиду, ойнайду,
Бир дәм тинип турмайду,
Қулақ шиңтип қарайду,
Келип мени ялайду.
Анисиға әкиләйду,
Туруп-туруп сәкрәйду.
Имиду һели-һели,
Һәжәп чирайлиқ бели.
Һәй тайчиғим, тайчиғим,
Зәп татлиқ бала чеғин.
Қарап нери болмаймән,
Саңа зади тоймаймән.
Ойниғина, мән билән,
Вақтим өтсун сән биләм.

Җүжилирим

Чик-чик җүжилирим,
Чик-чик-чик җүжилирим.
Дик, дик қилип жүгрәп келиң,
Дан чачимән йәп, йәп елиң.
Чик-чик җүжилирим,
Чик-чик-чик җүжилирим.
Бир қачиға су қуюмән,
Данға түрүлмисун гелиң.
Бир дәм данлай, бир дәм сулап,
Йәнә данлап, данлап елиң,
Чик-чик җүжилирим,
Чик-чик-чик җүжилирим.
Өзиңизни күнгә селиң,
Керилип һәм еғнап елиң.
Териқ чачай, терип елиң,
Катәккә тез йенип кириң.
Чик-чик җүжилирим,
Чик-чик-чик җүжилирим.

Чүмүлә

Чүмүләю,
Чүмүлә.
Тиним тапмас чүмүлә.
Йәрни қезип,
Қеригә
Кирип кетәр чүмүлә.
Дәл-дәрәққә ямишип,
Чиқип кетәр чүмүлә.
Йолда жүрсә
карвандәк,
Миғ-миғлиған чүмүлә.
Чүмүләю
Чүмүлә
Әмгәк сөйәр,
Чүмүлә.

تەھرىر ھەيئىتى.

تىلى باشقا- تىلەگى بىر

قازاقستان دولەت دارىلفۇنۇندا يۈزدىن ئارتۇق چەت ئەللىك ياشلار ئوقۇيدۇ.

بىز يېقىندا تىلى باشقا- تىلەگى بىر، رەڭگى باشقا- دىلى بىر بولغان تالىپلارنىڭ ئۈچى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلار موڭغۇلىيەلىك گۈلغايشا ساگىدولداگىن، كۇبالىق پېرىس لابرادا گراسىيلان ۋە لائوسلۇق ئانگكخانكېم.

مانا گۈلغايشا ۋەتىنىدىن ئالغان ئىككى پارچە خەتكە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دادىسى ساگىدولداگىنغا جاۋاپ يېزىپ ئولتارغان ئىكەن.

ئادەتتىكىدەك ئېچىلىق- ئامانلىقتىن باشلانغان بۇ خەت: «... داۋاملاشتۇرۇلۇپ... يېڭى سېلىنغان ياتاقخانىغا كوچتۇق» دەپ ئۆتكەنكى خېتىمدە يازغان ئىدىم. چەت ئەللىك تالىپلار بىلەن بىللە تۇرىمىز. ھازىر فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا موڭغۇلىيەدىن كەلگەن 14 قىز- يىگىت ئوقۇيدۇ. قورمانغازى نامىدىكى كونسېرۋاتورىيەدە تۆرت، ۋ. ئى. لېنىن نامىدىكى پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتىدا بىر ۋە باشقا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىمۇ ئوقۇيدىغان موڭغۇلىيەلىك ياشلار بار. بىز بۇ يەرگە ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزلۇشۇپ كەتتۇق.

يېقىندا لېنىن كومسومولىنىڭ 65 ژىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تالىپلارنىڭ تەنتەنىلىك «دوستلۇق» فېستىۋالى بولۇپ ئۆتتى. فېستىۋالغا موسكۋا، لېنىنگراد، تومسك، نوۋوسىبىرسك، خاركوۋ، تاشكەنت، قاراغاندا، دۇشەنبە، گوركي شەھەرلىرىدىن شۇنىڭدەك چەت ئەللەردىنمۇ تالىپلار كەلدى. فېستىۋال ھەقىقىي مەنىسى بىلەن دوستلۇق، قېرىنداشلىق بەيرىمىگە ئايلاندى.

... قىشقى ئىمتىھانىنى «ناھايىتى ياخشى» باھالار بىلەن تۈگەتتىم. دەرستىن بوش ۋاقىتلىرىمىزدا شەھەرنى ئارىلاپ سەيلە قىلىمىز. گۈزەل ئالمۇتىنى قانچە تاماشا قىلساڭمۇ تويمايسەن. يېقىندا مېدېۋدە بولدۇق. ھاۋاسى قانداق يېقىملىق، ساپ!»

گۈلغايشا ساگىدولداگىن دارىلفۇنۇنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئىككىنچى كۇرسىدا ئوقۇيدۇ، ئۇ ئەلاچى. دارىلفۇنۇندىكى «دوستلۇق» كلۇبىنىڭ ئەزاسى.

كۇبادىن كەلگەن پېرىس لابرادا گراسىيېلان ئوقۇۋاتقان بىر ژىل ۋاقىت ئىچىدە رۇس تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئالدى. «قازاقستان، ئۇنىڭ پايتەختى ئالمۇتا توغرىلىق پىكرىڭىز قانداق؟» دېگەن سوئالغا ئۇ:

—ئالمۇتا گۈزەل شەھەر. بولۇپمۇ باھار ئېيىدا ئالامەت چىرايلىق... ئالمۇتا ھەققىدە ئاتا- ئانامغا ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى تەسۋىرلەپ خەتلەرنى يازىمەن. مەن ۋە دارىلفۇنۇندا ئوقۇۋاتقان 62 كۇبالىق تالىپلار ئالمۇتىدا ئوقۇغانلىغىمىز ئۈچۈن مەغرۇرلىنىمىز.

مەن ھازىر فىلوسوفىيە- ئىقتىسات فاكۇلتېتىنىڭ بىرىنچى كۇرسىدا ئوقۇيمەن. قازاقلار مېھماندوست خەلق ئىكەن. ساۋاقداشلىرىم بىلەن تېز تىل تېپىشىپ كەتتۇق.... دەسلەپكى قېتىم مېدېۋدە بولغىنىم ھازىرغىچە ئېسىمدە. ئالمۇتىنىڭ باشقىمۇ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۈلگەردۇق.

مەن بۇ سوئالنى لائوستىن كەلگەن ئانگ كخانكېمگىمۇ قويدۇم.

— ئالمۇتا ماڭا ياقىدۇ،— دېدى ئۇ. يېڭى مەيدان قانداق چىرايلىق! ئالمۇتىدا سولەتلىك ئىمارەتلەر كۆپ ئىكەن.

ئانگ كخانكېم دارىلفۇنۇنىڭ فىلوسوفىيە- ئىقتىسات فاكۇلتېتىنىڭ ئىككىنچى كۇرسىدا ئوقۇيدۇ.

ئوقۇش ژىلى ئاياقلاشقاندا ئۆز خاھىشلىرى بويىچە چەت ئەللىك تالىپلارمۇ ئەمگەك ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. تالىپلار قۇرۇلۇش ئوترەدلىرىگە قاتنىشىپ ئىنشائەتلەرگە ئۆز قول تامغىلىرىنى قالدۇرىدۇ. كۆپچىلىگى ئەلۋەتتە، ئۆز ۋەتەنلىرىگە بېرىپ دەم ئېلىپ قايتىدۇ. ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، ئالمۇتىنى، قازاقستاننى، دوستلىرىنى سېغىنىپ ياخشى ھېسسىياتلار بىلەن ئەسلەيدۇ.

ئالىم ئومارجانوۋ.
ئالمۇتا.

سۈرەتتە: (ئوڭدىن- سولغا) گۈلغايشا، پېرىس لابرادا گراسىيلان ۋە ئانگ كخانكېملار.

بايزاقوۋ كوچىسىدىكى بىر باغچىدا

بىزدە مەكتەپ يېشىغا توشمىغان باللار ئۈچۈن مەخسۇس ئېچىلغان مەھكىمىلەرنى باللار باغچىسى، ياسلى دەپ ئاتىشىدۇ. شۇلاردىن بىرسى 63- سانلىق باللار باغچىدۇر. ئۇ ئالمۇتىدا ئاقىن ئىسا بايزاقوۋ نامىدىكى كوچىدا 2 قەۋەتلىك يېڭى ئىمارەتكە ئورۇنلاشقان. ئازادە ھويلىدا باللارنىڭ تەن- تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، ئويۇنلىرىغا كېرەكلىك جابدۇقلارنىڭ ھەممىسى بار. ئەتراپ يېشىل- باراقسانلىق، گۈلخانلار ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ مۇدىرەسى ئاتامانگۈل بېكجۇمان قىزى بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزغا بىنائەن مۇنۇلارنى بايان قىلدى:

— بىزنىڭ دەرگاھىمىز شەھەردىكى ئەمۇنىلىك باللار باغچىلىرىدىن سانىلىدۇ. بىزدىن تەربىيىلىنىپ چىققان باللار ئاۋال مەكتەپتە ئوقۇپ، ئاندىن ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇمات ئېلىپ، ئالىم، ئىنژېنېر، مۇئەللىم، ئۇچقۇچ، بىناكار ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلىكلەر بويىچە ئىشلىمەكتە.

باللار باغچىسىنىڭ ھەممە خىراجىتى دۆلەت ھېساۋىدىن ئېلىنىدۇ. ئەندى ھەر بىر بالا تەربىيىسى ئۈچۈن ھەر ئايدا راسخود قىلىنىدىغان 32 سوم پۇلنىڭ 12 سومىنىلا ئاتا- ئانىلار تولەيدۇ.

ھازىر باغچىمىزدا بىر ياشتىن يەتتە ياشقا قەدەر بولغان 210 بالا بار. ئۇلار ياش ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ سەككىز گرۇپپىدا تەربىيىلەنمەكتە. ئاشخانىنىڭ، ئويۇن زاللىرىنىڭ، ياتاقخانىلارنىڭ تازىلىغىنى، باللارنىڭ سالامەتلىگىنى دوختۇرلىرىمىز م. كېنتايېۋا بىلەن گ. مېيراموۋا ھەر دايىم نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

باغچىمىزدا ر. دۇيسېنوۋا، گ. جۇماشېۋا، گ. جاۋلىبايېۋ، س. مۇسايېۋا كەبى مېھرىۋان ئۇستاز- تەربىيىچىلەر بار. مۇندا ناخشا- ساز، تەن- تەربىيە، رەسسامچىلىق، قول ھۈنىرى ئۆمەكلىرى ئىشلەيدۇ. بەيرەم كۈنلىرى تەربىيىچىلەرنىڭ رەھبەرلىگى بىلەن كونسېرت كەچلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

—تەربىيە ئىشلىرىمىزنىڭ يەنە بىر مۇھىم قىسمى باللارنى كىچىكىدىنلا ئۆز ئانا تىلىدا پىششىق ھەم تازا سۆزلەشكە ئۆگىتىشتۇر،— دەيدۇ مۇدىرە.— باللارنى توغرا سۆزلەشكە ئۆگىتىشتە، ئۇلارنىڭ لۇغەت بايلىغىنى ئاشۇرۇشتا بەدىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ سەيلىگە چىققان چاغلىرىدا، يازلىق تەتىلدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار. شۇ مەخسەتتە 5—7 ياشلىق باللار بىلەن شەھەرنىڭ گۈزەل جايلىرىغا، مۇزېيلارغا، كىنو، تېياترلارغا، داڭلىق ئادەملەرنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان جايلارنى زىيارەت قىلىش ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. يازدا باللار ئاتا- ئانىلىرى بىلەن بىللە دەم ئالغىنى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇ دەرگاھنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىگى بار. مۇندا قازاق باللىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر، رۇس، تاتار ۋە باشقا مىللەت باللىرىمۇ تەربىيىلەنمەكتە. باغچىمىزدىكى بارلىق تەربىيە ئىشلىرى قازاق تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇمۇمەن باللار باغچىسى باللارنى ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەدەپلىك، دوستلۇق، كەمتارلىق قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۆگىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەدىي ئەدەبىيات، تېياتر، مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ.

ئالماسبېك بېلبوتايېۋ.

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فۇرمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 82—60—62، 85—43—62، 85—39—62. گېزىت- ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس- 72877.